
# پىل ۋەقەسى



غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئۇلۇغ كەئبە مەككە شەھرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەرگە ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەج قىلغۇچىلار كېلەتتى، ئۇلار كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى.




يەمەندە «ئەبرەھە» ئىسىملىك زالىم بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇ كەئبىگە بەك ئۆچ ئىدى.



ئۇ كەئبگە ئوخشاش بر ئباەدتخانا بنا قلپ، كشلەرنى كەئبگە بارماي شۇ ئباەدتخانىدا ئباەدت قلشقا چاقردى، ئەمما ئۇ يەرگە هېچكم بارغلى ئۇنمدى.



ئەبرەھەنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق غەزىپى كەلدى-دە، كەئبىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن زور بىر قوشۇن تەشكىللەپ كەئبىگە يۈرۈش قىلدى، قوشۇنىنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن پىللار بار ئىدى. مەككىلىكلەر ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدى، دەل شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ كەئبىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلدى.



ئەبرەھەنىڭ قوشۇنى كەئبىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئەڭ چوڭ پىل قەتئىي ماڭمىدى، ئاللاھ ئۇنى ھەرىكەت قىلىشتىن توسۇپ قويغانىدى. ئاللاھ ئۇلارغا بىر توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى، قۇشلار ئوت يالقۇنلاپ تۇرغان ئۇششاق تاشلارنى چىشلىۋالغان بولۇپ، ئۇ تاش تەگكەن كىشى ساق قالمايتتى.



ئاللاھ ئەبرەھە بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىنى ھالاك قىلىپ، كەئبىنى قوغداپ قالدى. دەل شۇ يىلى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلدى، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى پۈتۈن كائىناتقا رەھمەت بولدى.

